# 26983 ـ ئاياللار ئۆچۈن ھېيت نامىزى ئوقۇش سۈننەتتۇر

## سوئال

ئايالغىمۇ ھېيت نامىزى ئوقۇش پەرزمۇ؟ ئەگەر پەرز بولسا ئۆيىدە ئوقۇمدۇ ياكى ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان جايغا چىقىپ ئوقۇمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللار ئۈچۈن ھېيت نامىزى ئوقۇش پەرز ئەمەس بەلكى ئۇلار ئۈچۈن سۈننەتتۇر، ئايالالرمۇ ھېيت نامىزىنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدا مۇسۇلمان جامائەتلەر بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان.

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى يەنى ئايالالرنى قىزلارنى ھەتتا ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالالرنىمۇ ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرىغان. ئەمما ئۇلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراقراق تۇرۇشقا بۇيرىغان. [بۇخارى رىۋايىتى931- ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 890-ھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە: قىز ـ ئايالالر ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرۇلدۇق دېگەن.

ترمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىزلار، چوكانلار، چوڭ ئايالالرنى ھەتتا ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالالرنىمۇ ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرىيتتى. ئەمما ھەيزدارلار ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراق بولۇپ، مۇسۇلمانالرنىڭ دۇئالىرىغا قاتنىشاتتى، ئايالالردىن بىرى: ئى ئالالھنىڭ پەيغەمبىرى! بەزىلىرىمىزنىڭ يۆركەنچىمىز يوق دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەمشىلىرىنىڭ يۆركەنچىسىنى ئارىيەت ئالسۇن دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە: ھەپسە بىنتى سىيرىين مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس سۆزلىسە، ئاتام پىدا بولسۇن دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتەتتى، ئۇنىڭدىن: سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغانمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ: ھەئە، ئاتام پىدا بولسۇن دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئايالالر، قىزلار ۋە ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالالرنى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا ۋە مۇسۇلمانالرنىڭ دۇئاسىغا قاتنىششقا بۇيرىدى، ئادەت كۆرۈپ

قالغان ئايالLarنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىدى. [بۇخارى رىۋايىتى841-ھەدىس].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەرگە ئاساسەن، ئاياللارنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولۇق ئۇرۇنۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەستىن چىقىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئاق-قارىنى ئايرىدىغان بالىلارنىڭ ھېيت نامىزى ، جۈمە نامىزى ۋە باشقا نامازلارغا چىقىشى شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ياخشى ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ توغرىدا نۇرغۇن دەلىللەر بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.